1985
ژىل
مارت
№6 (200)
باھاسى
2 تىيىن

ياشىسۇن قازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ
گېزىتى

ئىزگۈ مەخسەتلەر يولىدا

سۈرەتتە: «ۋەتەن» جەمىيىتى رىياسىتى-
نىڭ رەئىسى ئاكادېمىك ئىسمېت كېڭېسبا-
يېۋنىڭ ئىمەجلىسنى ئېچىش مەراسىمىدا
سۆزلەپ تۇرغان پەيتى.

يېقىندا قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتى
باشقارمىسىنىڭ ھەر ژىلى بولۇپ تۇرىد-
غان ئەنئەنىلىك ژىغىنى بولۇپ ئۆتتى. ئۇ-
نىڭغا باشقارما ئەزالىرى، موسكۋادىكى
سوۋېت «ۋەتەن» جەمىيىتى ۋەكىللىرى،
قازاق ۋە ئۇيغۇر زىيالىلىرى قاتناشتى.
جەمىيەتنىڭ ئۆتكەن ژىلقى پائالىيىتى
ۋە كېلەچەك ۋەزىپىلىرى ھەققىدە جەمىيەت
رىياسىتىنىڭ رەئىسى، جۇمھۇرىيەت پەنلەر
ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىگى يولداش
ئىسمېت كېڭېسبايېۋنىڭ دوكلادىنى ژىغىن
قاتناشچىلىرى دىققەت بىلەن تىڭشىدى.
ئۆتكەن ژىلى جەمىيەت چەت ئەلەر-
دىكى ۋەتەنداشلار بىلەن مەدەنىي ۋە دو-
ستلۇق مۇناسىۋەتلەرنى مۇستەھكەملەش
يولىدا كوروئەرلىك ئىشلارنى بەجا كەل-
تۈردى.
«ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنا-
ئەن تۇرىستلىق سەپەر ۋە باشقا يوللار
بىلەن بىر نەچچە ۋەتەنداشلار قازاقستاندا
زىيارەتتە بولۇپ، سوۋېت كىشىلىرىنىڭ
ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ قايتتى. ئۇلار
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىنچلىقنى قوغداشقا
قارىتىلغان تاشقى سەياسىتى، جۇمھۇرىيە-
تىمىزنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىرى، «ۋەتەن»
جەمىيىتىنىڭ ئىزگۈ پائالىيىتى ۋە مەخ-
سەت- ۋەزىپىلىرى ھەققىدە تەپسىلىي
مەلۇماتلار ئالدى.
ئۆتكەن ژىلى چەت ئەلەردىكى ۋەتەن-
داشلارغا كىتاپلار، گراموفون تەخسىلىرى،
مىللىي مۇزىكا ئەسۋاپلىرى ئەۋەتىلىپ بىر-
ىلدى. ۋەتەنداشلار ئارىسىدىكى ئەدىپلەر-
نىڭ شېئىرلىرى توپلىنىپ «ئېلىم- ئاي»
ناملىق توپلام، «قازاق تىلى» ۋە «ئۇيغۇر
تىلى» دەرىسلىكلىرى نەشر قىلىندى. مانا
بۇ تېرىقتىكى پائالىيەتلەرنى ۋەتەنداشلار
تولۇق قوللاپ- قۇۋەتلىمەكتە.
ژىغىندا چەت ئەلەر بىلەن دوستلۇق
ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەت باغلاش قازاق
جەمىيىتىنىڭ رەئىسى، قازاقستان س.س.ر
ئالىي سوۋېتىنىڭ دېپۇتاتى ئاقمارال ئار-
ىستانبېكوۋا، ئوتتۇرا ئازىيە ۋە قازاقستان
مۇسۇلمانلىرى دىنىي باشقارمىسىنىڭ ۋە-
كىلى، قازىي راتبېك ھاجى ۋە باشقىلار
سۆزگە چىقتى.
دوكلادچى ۋە سۆزگە چىققانلار ۋەتەن-
داشلارنىڭ، خۇسۇسەن ياشلارنىڭ مىللىي
مەدەنىيىتىمىز مۇۋاپپەقىيەتلىرىگە، قازاق
ۋە ئۇيغۇر يېزىغىنى ئۆگىنىشكە بولغان
قىزىقىشلىرىنى ئاتاپ ئۆتتى. شۇنداقلا ژى-
غىندا بۇ قاتارلىق ئىزگۈ ئىشلار «ۋەتەن»
جەمىيىتى تەرىپىدىن قوللاپ- قۇۋەتلىنىد-
ىغانلىقى تەكىتلەندى. مۇندىن كېيىنمۇ
بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە كەڭەيتىش
لازىملىقى كۆرسىتىلدى. موشۇ مەخسەتكە
يانداشقان ھالدا ئۇلارغا كېرەكلىك دەرىس-
لىكلەرنى ئەۋەتىپ تۇرۇش ھەققىدە پى-
كىرلەر بېرىلدى.
چەت ئەلەردىكى قازاق ۋە ئۇيغۇر
قېرىنداشلار بىلەن مەدەنىي مۇناسىۋەت
باغلاشتا «بىزدىڭ وتان»، «بىزنىڭ ۋە-
تەن» گېزىتلىرىنىڭ ۋەتەنداشلارنىڭ مەدە-
نىي مەنىپىيەتلىرىگە مۇۋاپىق ئىشلارنى بەجا
كەلتۈرۈۋاتقانلىقى تەكىتلەندى.
ژىغىندا تېگىشلىك قارار قوبۇل قىلىن-
دى. ئۇنىڭدا پۈتكۈل سوۋېت خەلقى
ئوخشاش جۇمھۇرىيىتىمىز ئەمگەكچىلىرىنىڭ
سوۋېت مەملىكىتىنىڭ يادرولۇق ئۇرۇش
ئاپىتىگە يول قويماسلىق، تىنچلىقنى ھىمايە
قىلىش پائالىيىتىنى، شۇنىڭدەك خەلقىمىز-
نىڭ ئۇرمۇش پاراۋەنلىكىنى يەنىمۇ يۇك-
سەلدۈرۈشنى مەخسەت قىلغان ئىچكى ۋە
تاشقى سەياسىتىنى بىر ئېغىزدىن قوللاپ-
قۇۋەتلەيدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

قازاقستان سەنئىتى بولغارىيەدە

جۇمھۇرىيەتتە خىزمەت كۆرسەتكەن
كوللېكتىۋ- قازاقستان س.س.ر دولەت سىم-
فونىيەلىك ئوركېستىرى 19- مارت كۈنى
بولغارىيەنىڭ روسې شەھرىدە باشلانغان
«مارت كۈنلىرى» ناملىق خەلق ئارا
مۇزىكا فېستىۋالىغا قاتناشماقتا. مەزكۇر
كوللېكتىۋ فېستىۋالغا سوۋېت مۇزىكا سەن-
ئىتىگە ۋاكالەتەن قاتنىشىشقا يوللانما ئال-
غان ئىدى.
ئوركېستىر بۇ قېتىم غ. جۇبانوۋانىڭ
«ئايالار ئارالى» ناملىق №2 سىمفونىيە-
سىنى، ئې. راخمادىيېۋنىڭ «قۇداشا- دۇ-
مان» سىمفونىيەلىك كۈيىنى ۋە ئوركېس-
تىر بىلەن تروباغا بېغىشلانغان كونسېرتىنى،
ق. غوجاميياروۋنىڭ «نازۇگۇم» ئوپېراسى-
دىن بەيرەملىك ئۇسسۇل مۇزىكىسىنى ئو-
رۇنلايدۇ.
ئورکېستىرگە مەزكۇر كوللېكتىۋنىڭ
باش دىرىژيورى ۋە بەدىئىي رەھبىرى، قا-
زاقستان س.س.ردا خىزمەت كۆرسەتكەن
سەنئەت ئەربابى، خەلق ئارا كونكۇرس-
نىڭ دىپلوماتى ت. ئەبداراشېۋ باشچىلىق
قىلىدۇ.
ئۇ قازاق تېلېگراف ئاگېنتلىقى مۇخبىرى
بىلەن بولغان سوھبەتتە، بۇ بىزنىڭ ئور-
كېستىرىمىزنىڭ چەت ئەلگە قىلغان بىرىن-
چى سەپىرى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىتتىپاقداش
جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگىدەك
بولۇپ، ئوز سەنئىتىمىزنى نامايىش قىلغان
ئىدۇق. ئۆتكەن ژىلى قېرىنداش ئۇكرا-
ئىنانىڭ فاشىستلار ئىستىلاسىدىن ئازات قى-
لىنغانلىقىنىڭ 40 ژىللىقىغا بېغىشلانغان
«ئالتۇن كۈز» ناملىق فېستىۋالغا قاتناش-
تۇق. يېقىندا قازاقستاندا ئۆتكەن پۈتكۈل
ئىتتىپاقلىق سوۋېت مۇزىكىسى فېستىۋالى-
دا ئىشتىراك قىلدۇق.
ئوركېستىرنىڭ رېپېرتۇئارىدا ھەر خىل
شەكىل ۋە ستىلدىكى ئەسەرلەر، جۇملىدىن
س.س.س.ر كومپوزىتورلىرىنىڭ، ھازىرقى زا-
مان چېخ، نېمىس، پولىياك، بولغار ئاۋتور-
لىرىنىڭ ئەسەرلىرى بار.
بولغارىيەلىك تاماشىبىنلار قازاقستان
س.س.رنىڭ خەلق ئارتىستلىرى يۇ. كلۇش-
كىنىنىڭ (ترۇبا)، خ.قالىلامبېكوۋانىڭ (سو-
پرانو)، خەلق ئارا كونكۇرسلارنىڭ ۋە قا-
زاقستان لېنىن كومسومولى مۇكاپىتىنىڭ
لائۇرىياتلىرى، جۇمھۇرىيەتتە خىزمەت
كۆرسەتكەن ئارتىستلار ج. ئاۋبەكىروۋا-
نىڭ، ئا. مۇساخوجايېۋانىڭ ۋە باشقىلىر-
ىنىڭ ئىجراسىدا ناخشىلار، ئارىيەلەر ئاڭلا-
شقا مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئۇرۇش قەھرىمانلىرى بىلەن ئۇچرىشىش

بۇ كۈنلەردە ئالمۇتا يېزا ئىگىلىگى
ئىنستىتۇتىدا ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ
مەردانىلىرى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن بىر نەچ-
چە ژىل ئىلگىرى مەزكۇر ئىنستىتۇتنى تا-
ماملىغانلار بىلەن ئۇچرىشىشلار ئۆتكۈزۈل-
مەكتە.
يېقىندا بولغان ئۇچرىشىش «ۋەتەن
ئۈچۈن، ئۇنىڭ بەخت- سائادىتى ئۈچۈن»
دېگەن شار بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭدا مەزكۇر
ئىنستىتۇتنى پۈتەرگەن، پروفېسسور رې-
ھىمجان ئاۋۇتوۋ، دوتسېنتلار س. ن.
سىرلىبايېۋ، م. ك. مېيىرمانوۋ، ت. ئا. ئا-
تاقۇلۇۋلار سۆزگە چىقىپ، ئىنستىتۇتنىڭ
تارىخى ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە تەپ-
سىلىي سۆزلەپ بەردى.

يازغۇچى ئارزۇسى

قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتى-
پاقى پروزا بويىچە كېڭىشىنىڭ
نۆۋەتتىكى ژىغىنىدا يازغۇچى
ئاقسىلېۋ سېيدىمبېكوۋنىڭ ئىجا-
دىي پائالىيىتى مۇھاكىمە قىلىن-
دى. كۈن تەرتىۋىدىكى مەسىلە
بويىچە تارىخ پەنلىرى كاندىدا-
تى س. ئاقاتايېۋ دوكلاد بەردى.
– ئوتمۇش بىلەن كېلەچەك،
ئاتا بىلەن بالا، چوڭ بىلەن كى-
چىك ئارىسىدىكى ۋارىسلىق سې-
دىمبېكوۋ ھېكايىلىرىنىڭ ئاساسىي
ماۋزۇلىرى،– دېدى دوكلادچى.
ئۇ مىللەت تەغدىرىگە مۇناسىۋە-
تلىك تارىخىي، ئىجتىمائىي مەسى-
لىلەرگە ئوز ئىجادىيىتىدە ئالا-
ھىدە ئېتىۋار بېرىدۇ،– دەپ كې-
لىپ، ئۇنىڭ «شېرىن ھايات»،
«قاپقانچى»، «زەردە»، «ئۇچ-
رىشىش»، «ئالخور»، «كۆزلە-
كتە»، «قىز ئۇزىتىش» ناملىق
ھېكايىلىرى بىلەن پوۋېستلىرىغا
توختالدى.
دوكلادچى ئاقسىلېۋنىڭ «گۈ-
مبەز ساداسى» كىتاۋىنى تەھلىل
قىلىشقا كۆپەرەك توقتالدى.ئا-
دىن ئۇ «يازغۇچىنىڭ ئارزۇسى
سەنئەت بىلەن ھاياتنى جىپ-
سىلاشتۇرۇش، سەنئەت ۋە ھا-
يات بىرلىكىنى ئېپادىلەش ئارقى-
لىق خەلقنىڭ ھاياتىنى بېيى-
تىشتۇر. ئەدىپ بۇ خۇسۇستا
داۋاملىق ئىزدەنمەكتە»، دەپ
خۇلاسىلىدى سۆزىنى.
«گۈمبەز ساداسى»– قازاق
ئەدەبىياتىدا، مەدەنىيىتىدە خە-
لقنىڭ ئەقىل- ئىدرىكىنى، مە-
نىۋىي ھاياتىنى، ئىچكى دۇنياسى-
نى ئېچىپ بېرىدىغان ژىرىك ئە-
سەردۇر، دېدى تەنقىتچى سا-
غات ئەشىمبايېۋ. مەزكۇر كېڭە-
شىنىڭ رەئىسى مۇختار ماغاۋىن
ژىغىنىنىڭ خۇلاسىسىنى چىقاردى.

40 تېچلىق ئۈچۈن جەڭ قىلغانلار

داداش باتۇر

ئۇنى ئاخىرقى قېتىم ئوتكەن ژىلى كۆزدە كورگەن ئىدىم. شۇ بىر ئۇنتۇلماس دەقىقىلەرنى مەن پات- پات ئەسلەيمەن، ئۇلارنى بەختلىك دەقىقىلەر دەپ ھېس قىلىمەن.

بۇ كىچىكلىك، سالماقلىق ئادەمنىڭ خاتىرجەم يېڭىش- تۇرۇشىنى، گەپ- ئاغزىنى، چىراي- شەكلىنى كورگىنىڭىزدە، ھەقىقەتەن باتۇر ئادەم ئىكەن دەپ قالاتتىڭىز. ئۇنىڭ بەستىدىن، يېقىشلىرىدىن ئىسمى دۇنيادىكە ئايلانغان غېنى باتۇرنىڭ جىق خىسلەت- سۈپەتلىرىنى بايقاۋېلىشقا بولاتتى.

شۇڭا داداشنى كورگىنىڭىزدە، غېنى باتۇرنى كوز ئالدىڭغا كەلتۇرۇپ، «ئەل بار يەردە ئەر بار، ئەر بار يەردە ئەل بار» دېگەن خەلقىمىز ھېكمىتىنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ، ئەسىرلىنىپ، تەۋرىنىپ، ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ قىلغان باتۇرلارغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم، غورۇرلۇق تۇيغۇلىرى ئىلكىدە قالغان ئىدىم.

داداشنىڭ ۋۇتى- ئالمۇتىدىن ئاتمىش كىلومېتىر يەردىكى ئۇزۇناغاچ يېزىسىدا. يە قازاق، يە ئۇيغۇر، يە رۇس، كىمدىنلا بولمىسۇن سورىماڭ، ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك ئويىنى سىزگە كورسىتىپ قويىدۇ.

شۇندا مەن باتۇر ژىللارنىڭ داداشقا قۇرۇق كەلمەستىن، ماڭلىيىغا جىققىدە ئەجىم، چاچلىرىغا كۇمۇچ رەڭ ئېلىپ كەلگىنىنى ئوزىگە ئېيتقىنىمدا، ئۇ: «ھېچ گەپ ئەمەس، ئوت كەچتۇق، قان كەچتۇق، بىراق ۋەتەننى ياۋغا بەرمىدۇق، لېكىن ئۇ كۇنلەرنى ئەندى دۇنيادا ھېچ كىم كورمىسۇن» دېگەن ئىدى.

ھەقىقەتەن ئۇ ئوزىنىڭ ۋەتەن ئوغلى ئىكەنلىكىنى كورسەتتى. ئۇنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدىكى ھەر بىر قەدىمى، ئاتقان ئوقى فاشىستلارغا ئەجەللىك بولدى، غالىبىيەت كۇنىنىڭ قەرەلىنى يېقىنلاشتۇردى. ئۇنىڭ قورقۇمسىزلىغى ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ ھەر قەدەمدە ئەجەل ماراپ تۇرسىمۇ، پۇچاقتەك يېغىپ تۇرغان دۈشمەن ئوقى ھېلىدىن ھېلى قادىلىدىغاندەك قىلىپ تۇرسىمۇ، داداش باتۇر ئەجەلدىنمۇ، دۈشمەندىنمۇ ئۇستۇن بولدى، غالىپ چىقتى. جەڭدە قان توكۇش جەزمەندۇر. داداشمۇ قان توكتى- بەش قېتىم يارىدار بولدى. بىرىنچى قېتىم روستوۋ شەھىرى يېنىدا قىرغىن بىر جەڭدە ئوق تەگدى. گوسپىتالدا داۋالىنىپ چىقىپ، يەنە جەڭگە كىرىپ كەتتى.

تالاي قېتىم داداش باتۇر ئەڭ قىيىن جەڭگىۋار تاپشۇرۇق ھېساپلانغان رازۋېدكاغا ئاتلاندى. دۈشمەننىڭ نەچچە- نەچچە سولداتلىرىنى ئولجىغا ئېلىپ، قوماندانلىقنى مۇھىم مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىدى.

1944- ژىلى قىرىمنى ئازات قىلىش جەڭلىرىدە، بولۇپمۇ سېۋاستوپول يېنىدىكى ساپۇن تاغلىرىدىكى دەھشەتلىك تۇتۇشۇشتا داداش باباجانوۋ ئالامەت قەيسەرلىك، ئولمەس جاسارەت كورسەتتى. مەلۇمكى، سېۋاستوپول شەھىرىنى ئازات قىلىشنىڭ بىردىن- بىر يولى- پۇختا ئىستىھكام قۇرۇپ بېكىنىپ، دزوتلاردىن ئوق ياغدۇرۇپ، بىزنىڭ جەڭچىلەرگە توسالغۇلۇق قىلىۋاتقان فاشىستلارنى ساپۇن تاغلىرىدىن سىقىپ چىقىرىپ تاشلاش ئىدى. شۇ قىرغىن جەڭلەردە ھالاك بولغان كوماندىرنىڭ ئورنىغا داداش ۋىژۋدانى ئوز قولىغا ئالدى. شىددەتلىك جەڭدە ۋزۋود تەركىۋىدىكى 40 جەڭچىدىن يەتتىسىلا ئامان قالدى، لېكىن دۈشمەن تار- مار كەلتۇرۇلدى. شۇ ئارىدا ساپۇن تېغىغا بايراق قاداش توغرىلىق پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇغى كېلىدۇ. بۇ ئىنتايىن تەس ۋەزىپە داداش باشلىق جەسۇر سوۋېت جەڭچىلىرىگە تاپشۇرۇلدى. چۈنكى پولكنىڭ بايرىغى ھەربىي تەۋەررۇك بولۇپ، ئۇنى ساقلاش مەسئۇلىيەتلىك ئىش ئىدى. داداشلار بىردە يەر بېغىرلاپ، بىردە شىردەك سەكرەپ ئىلگىرىلەپ، ھەر بىر مېتىر يەر ئۈچۈن كوكسىنى ئوققا تۇتۇپ دېگىدەك ۋەزىپىنى بەجىرىشكە ھەرىكەت قىلدى. گرۇپپىدىن داداش ئوزىلا قالدى. ئۇ بايراقنى قاتلاۋېلىپ قويىنىغا تىقىپ، ئاۋتوماتتىن ئوق ئېتىپ، ئەڭ ئېگىز توپىلىككە يامىشىپ چىقىپ، دۈشمەننىڭ كوزىچە بايراقنى قادايدۇ. بۇيرۇقنى ئورۇنلايدۇ.

پۇتمەس كۈچ- قۇۋۋەتنىڭ نىشانى بولۇپ، تاغ ئۇستىدە يەلپۇلدەپ تۇرغان پولك بايرىقى جەڭچىلىرىمىزنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشىدۇ، ئۇلارغا مەدەت بېرىدۇ، ئالغا دەۋەت قىلىدۇ. مانا بۇ جاپارنى ئۈچۈن داداش باباجانوۋ دولىتىمىزنىڭ ئەڭ بۇيۇك ھەم پەخرىي مۇكاپاتى- سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى ئۇنۋانىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. باتۇرنىڭ كوكسىدە «ئالتۇن يۇلتۇز» جىلۋىلىنىدۇ.

1418 كۈن داۋام قىلغان ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ قەھرىمانى داداش مەيداندىن غەلىبە بىلەن ۋۇتىغا قايتىدۇ. قۇياشلىق باھار ۋاقتى ئىدى. قۇياش نۇر توكۇپ تۇراتتى. ئالمۇتا ۋوكزالىدا پويىزدىن چۇشكەن داداش ئاتمىش كىلومېتىر يەردىكى ئۇزۇناغاچقا پىيادە كېتىشكە قارار قىلىدۇ.

- ۋۇتۇمنىڭ يوللىرىنى، ئوستەڭلىرىنى، ئاسمىنىنى سېغىنغان ئىدىم،- دېگەن ئىدى داداش بولتۇرقى كۆزدە مېنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا،- شۇنىڭ ئۈچۈن پىيادە كەتتىم،- يولدا ۋاقىراپ- ۋاقىراپ ناخشا ئېيتتىم، گىيالارنى كوزۇمگە سۇرتتۇم.

ھاياتتىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ھادىسە بولغان ئىنسان خاتىرىسى بۇيۇك مەنىۋىي ۋاستە بولۇپ، ئۇ تۇيەيلى بىز ئوتمۇشىمىزنى قەلبىمىزدە مەڭگۇ ساقلايمىز، بۇگۇنكى ھايات ئۈچۈن جەڭ قىلغانلارنىڭ تەۋەررۇك، پارلاق ئىسىملىرىنى ئەسلەيمىز.

ئۇرۇش دەۋرىدە ئالاھىدە باتۇرلۇق كورسەتكەن بىزنىڭ 12مىڭ كوماندىر ۋە جەڭچىلەرگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى ئۇنۋانى بېرىلدى. شۇلارنىڭ بىرسى ئۇيغۇر پەرزەندى داداش باتۇردۇر. ئۇرۇش جاراھەتلىرىنىڭ زەرداۋىدىن ۋاقتىسىز ئارىمىزدىن كەتكەن قەھرىمان د. باباجانوۋ ئىسمىنى- پۇتكۇل كوپ مىللەتلىك خەلقىمىز دايىم ھورمەت ۋە غورۇرلۇق بىلەن تىلغا ئالىدۇ، چۈنكى بۇيۇك جاسارەت كورسىتىپ، بۇگۇنكى تېچلىق ھايات ئۈچۈن جەڭ قىلغان باتۇرلارنى ئەسلەش قەرىز ھەم پەرزىمىزدۇر.

س. ھاسانوۋ.

تېچلىق فوندىغا ھاۋالە قىلىندى

تېچلىق- پۇتكۇل تەرەققىيپەرۋەر ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي ئارزۇسىدۇر. شۇڭلاشقىمۇ دۇنيادا تېچلىقنىڭ مۇستەھكەم موجۇت بولۇشى ئۈچۈن بارلىق سوۋېت خەلقى قاتارىدا قازاقىستان مۇسۇلمانلىرىمۇ بۇ ئىزگۇ ئىشقا مۇناسىپ ھەسسە قوشماقتا. ئوتكەن 1984- ژىلى ئالمۇتا شەھىرىدىكى مېچىتنىڭ جامائىتى تېچلىق فوندىغا 15 مىڭ سوم تەقدىم قىلدى.

قازى، راتبېك ھاجى نىسانباي ئوغلى

يېڭى داۋالىنىش جايلىرى

شەمەي. (قازتاگ). ئالاكول قىرغىقىدىكى كولخوزلار ئارا «بارلىق ئاراسان» ساناتورىيىسىدە دەم ئالغۇچىلار سانى ئىككى ھەسسە كوپەيدى. بىر ۋاقىتنىڭ ئوزىدە 260 ئادەم دەم ئالىدىغان كورپۇس بىلەن بىللە داۋالاش ئورنى، كىنوتېياتر سېلىندى. بارلىق جايلار قۇياش نۇرىدىن پايدىلىنىدىغان باتارېيەلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسسىتىلماقتا.

شەمەي ئوبلۇسىدا ئون بىرىنچى بەش ژىللىق ئىچىدە ئىككى چوڭ پروفىلاكتورىي، ئوندىن ئوشۇق سپورت- ساغلاملاشتۇرۇش مەركىزى ۋە تۇرىستىك بازىلار سېلىنىدى.

سەنئەتنىڭ پەرۋازى

سەنئەت ئىسمىلىق بۇ ئۇيغۇر قىزى ياش كومپوزىتورلارنىڭ پۇتكۇل ئىتتىپاقلىق مۇسابىقىسىدا دىپلوم ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغاندا، ئۇنىڭ نامىنى ئېلىمىزدىكى داڭلىق كومپوزىتورلار ۋە سەنئەتشۇناسلار بىردىنلا تىلغا ئېلىشقا باشلىدى، لېكىن بۇ ۋاقىەنى تەسىي ھادىسە دەپ باھا بېرىشتى. چۈنكى قىزنىڭ سەنئەتتىكى پەرۋازى ناھايىتى بالدۇر باشلانغان ئىدى. سەۋۋى سەنئەت سازەندە ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئوستى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي ۋە قېدىمىي ناخشا- سازلىرى ئۇنىڭ قەلبىدىن ئۇ گودەك ۋاقىتلىرىدىلا چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. قىزنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئوسۇشىگە ماھىر سازەندە دادىسى ئىزامدۇن كېۋىروۋنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولدى. مەلۇمكى، بەستىكار ئ. كېۋىروۋ پەقەت بارلىق ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ياخشى چېلىش، ئوز خەلقىنىڭ قېدىمىي ساز بايلىقلىرىنى مۇكەممەل ئىجرا قىلىشى ۋە كوپلىگەن مۇزىكا ئەسەرلىرى بىلەنمۇ كوپچىلىككە ياخشى تونۇش.

- مېنىڭ كومپوزىتور بولۇپ چىقىشىمدا ھەقىقەتەن دادامنىڭ رولى چوڭ،- دەيدۇ سەنئەت،- ئاتا- بالا ئىككىمىزنىڭ مەنىۋىي يېقىنلىغىمىز، جىددىي ھەمكارلىغىمىز، بىر- بىرىمىزنى ۋە بىر- بىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتىنى ياخشى چۈشىنىدىغانلىغىمىز ئۈچۈن ئوزەمنى بەختلىك دەيمەن. دادام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىجادىي ھەمكارلىغى «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرى توغرىلىق ماقالىلىرىمىزدا روشەن نامايەن بولدى.

- سەنئەت قىزنىڭ ناخشا- سازلارغا بولغان ھەۋىسى، قابىلىيىتى ناھايىتى بالدۇر بايقالغان ئىدى،- دەيدۇ ئاتا كېۋىروۋا.- ئۇ ئالتە- يەتتە ياشلارغا كەلگەنچاغلىرىدىلا پىئانىنو ئۈچۈن «قۇشچە» ۋە «يامغۇر» ناملىق ناخشىلارنى ئىجات قىلغان ئىدى.

سەنئەت 1970- ژىلى كۇلەش بايسېيىتوۋا نامىدىكى ئون بىر ژىللىق مۇزىكا مەكتىۋىنىڭ پىئانىنو سىنىپىنى تۈگىتىپ، ئالمۇتا كونسېرۋاتورىيەسىنىڭ كومپوزىتورلۇق سىنىپىغا ئوقۇشقا چۈشتى. ئۇنىڭغا س س س ر خەلق ئارتىسى، ئاتالتىلىق كومپوزىتور، پروفېسسور غەزىزە ئاخمېت قىزى جۇبانوۋا ئۇستازلىق قىلدى.

- مەن غەزىزە ئاپاي بىلەن 1968- ژىلدىن بېرى تونۇشمەن،- دەپ ئەسلەيدۇ سەنئەت.- ئۇستازىم ماڭا مۇزىكىنىڭ ئەجايىپ سىرلىرىنى ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىگى، كويۇمچانلىغى، ئەمگەكچانلىغى مېنى ھېمىشەم ھاياجانلاندۇرۇپ، ئالغا ئىنتىلىشقا دەۋەت قىلاتتى. مەن 1975- ژىلى كونسېرۋاتورىيەنى تاماملاپ، ئۇستازىم ئىزى بىلەن مېڭىپ، مەزكۇر سەنئەت دەرگاھىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلىدىم.

س. كېۋىروۋا كونسېرۋاتورىيەدە ئوقۇپ ژۇرگەن چاغلىرىدىلا «لۋاپۇللا» ناملىق تونجا باليېتىنى يازغان. بۇ ئەسەر سەنئەتنىڭ ئىجادىي قەدىمىنىڭ دادىلىغىدىن دالالەت بەرگەن ئىدى.

شۇ چاغدا جامبۇل نامىدىكى قازاقىستان دولەت فىلارمونىيەسىنىڭ تارلىق كۋارتېتىنىڭ ئورۇنلىشىدا ياش كومپوزىتورنىڭ «ئادىي سيۇئىتا»، «باھار سيۇئىتاسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ جاراڭلىدى. ئاندىن س. كېۋىروۋا پىئانىنو ئۈچۈن كونسېرت، سوناتىلار، ۋارىياتسىيەلەر، تارلىق كۋارتېتلار، شۇنداقلا ئىسپان شائىرى رافائېل ئالبېرتى شېئىرلىرىغا يېزىلغان ناخشىلار تۇركۇملىرى ئۇستىدە ئىشلىدى.

سەنئەت ئەندى سكرىپكا كونسېرتى ئۇستىدە ئىش باشلىماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، «ئىنوستراننايا لىتېراتۇرا» ژۇرنالىدا بېسىلغان پېرۇ شائىرى گۇستاۋ ۋالكېرسېنىڭ چىلى ھەققىدىكى شېئىرلىرىنى ئوقۇپ قالىدۇ. ئۇلاردىن زور دەرىجىدە تەسىرلەنگەن ياش كومپوزىتورنىڭ قەلبىدە چىلى ھەققىدىكى چوڭ ئەسەرنىڭ ھاياجانلىق سادالىرى پەيدابولۇشقا باشلايدۇ. سەنئەت لىما شەھىرىدىكى گۇستاۋ ۋالكېرسېغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا مۇزىكا يېزىش نىيىتىدە ئىكەنلىگىنى ئىزھار قىلىپ، شائىرنىڭ بۇنىڭغا رازىلىق بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ. بۇ چاغدا گۇستاۋنىڭ ئوغلى موسكۋادىكى لۇمۇمبا نامىدىكى خەلقلەر دوستلۇغى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتاتتى. ئەينە شۇ ژىگىت سەنئەت بىلەن دادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورنىتىشقا ۋاستىلىق قىلىدۇ. ئاندىن موسكۋا كونسېرۋاتورىيەسىدە س. كېۋىروۋانىڭ «چىلى سىمفونىيەسى» ياڭرايدۇ. يەتتە قىسىمدىن تەركىپ تاپقان بۇ ئەسەر چىلىدىكى قانخور، زالىم پىنوچېت دىكتاتۇرىسىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كوتىرىلگەن خەلق ھەرىكىتىگە بېغىشلانغان. «چىلى سىمفونىيەسى» جۇمھۇرىيىتىمىزدە چوڭ ۋاقىەلەرنىڭ

يالغۇز ياغاچ هېكايىسى

قىرىققۇدۇقتىن تېنىپ يايلىغىغا قاراپ يول ئالسىڭىز، چوڭ يولنىڭ سول قانىتىدا يالغۇز دەرەق كورىسىز. ئىلگىرى سارجال ئارقىلىق شەمەيگە بارغانلار شۇ يولدىن ئوتەتتى...

شىنجاڭدا ئەسپىتنى ئوز كوزى بىلەن كورگەن خايرۇللا ئەلپبايېۋ بۇ كۇنلەردە ئاتمىشتىن ئاشقان بولسىمۇ، تېخى تىمەن ئادەم. ئۇ هازىر تېلمان نامىدىكى سوۋخوزنىڭ ئىلغار چارۋىچىسى.

خايرۇللا پاراڭچى ئادەم. ژۇقۇرىدا قەيت قىلىنغان يالغۇز دەرەق، تاۋكې باتۇر نامى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەسپىتنىڭ تاۋكې باتۇرنىڭ تۇغۇلغان ژۇتىغا، خەلققە بېغىشلانغان شېرىي سالامنامىسى بۇ كۇنلەردە ئۇنتۇلۇپ قالغان. بۇ شېرىدىن بىر كۇپلېتى خايرېكېنىڭ يادىدا قالىغان.

كوپچىلىك يالغۇز دەرەقنىڭ ئىككى يېرىم ئەسىرلىك تارىخىغا ئېگە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇ هەقتە 1979- ژىلى 80 ياشقا كېلىپ دۇنيادىن ئوتكەن جۇنىس مۇساپىروۋ (تاۋكې بىلەن بىر تۇققاننىڭ باللىرى)، مۇنداق دېگەن: تاۋكېنىڭ چوڭ بوۋىسى ساپتى ئاياق 19- ئەسىرنىڭ بېشىدا 93 ياشقا كېلىپ دۇنيادىن ئوتكەن.

ئەنە شۇ ساپتى ئاياق بىر ئۇرۇشتا ئات ئۇستىدە، قولىدىكى توقمىقىنى سۇنىدۇرۇپ ئالىدۇ. ئاتتىن سەكرەپ چۇشۇپ، ئوزىگە لايىق ياغاچ ئىزدەيدۇ. قارا ئېرتىشنىڭ بويىدا ئوسىۋاتقان بىر دەرەقنى يىلتىزى بىلەن سۇغۇرۇپ ئالىدۇ-دە ئېتىغا قايتا مىنىپ كېتىدۇ.

ئۇرۇش تامام بولۇپ، ژۇتىغا كەلگەندىن كېيىن هېلىقى دەرەقنى كۇزلۇگگە تىكىپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. كېلەر ژىلى ژۇت يايلاقتىن كۇزلەككە قايتىپ كەلسە، هېلىقى دەرەق ئوسىۋپ، يىلتىز تارتىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ساۋىر تېغىدا ئوسكەن بىر دەرەق سارى ئارقا دالاسىغا كېلىپ، چىڭغىستاۋنىڭ ئېتەكلىرىدە كوكلەيدۇ، دېيىلىدۇ رىۋايەتتە.

يەرلىك ئاهالە بۇ دەرەقنى ياخشى پەرۋىش قىلماقچىدا، ئۇنىڭ ئەتراپى توقايلىققا ئايلانغان.

ق. ئېسپىنغارىن،
ئۇرۇش ۋە ئەمگەك مەردانىسى.
شەمەي ئوبلاسى، ئاباي رايونى.

كورگەزمە ئېچىلدى

ئا. س. پۇشكىن نامىدىكى دولەت كىتابخانىسىدا كىتاپ كورگەزمىسى ئېچىلدى. مەزكۇر كورگەزمە «ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشى دەۋرىدىكى خەلق ئارا مۇناسىۋەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇلۇق داهىمىز ۋ. ئى. لېنىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئېلان قىلىنغان تېچلىق توغرىسىدىكى دېكرېت كورگەزمىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان. كورگەزمىدە شۇنداقلا تېچلىق پروگراممىسى، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىختىسادى توغرىلىق مەلۇماتلارنى بېرىدىغان ماتېرىياللار، سوۋېت خەلقىنىڭ ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشىدا كورسەتكەن قەهرىمانلىقىنى بايان قىلىدىغان هوججەتلەرمۇ بار.

ئا. نەزەروۋ.
ئالمۇتا شەهرى.

«تۇگسكېن» سوۋخوزىنىڭ گۇرۇچ ئاشلىقلىرىدا

سىر بويى - گۇرۇچ كانى

سىردەريا دېگەندە بىزنىڭ كوز ئالدىمىزغا، ئەڭ ئاۋۋال بىلەن، قازاق خەلقىنىڭ قېدىمىي تارىخى كېلىدۇ. ئوتمۇشتە سىر تەۋەسى قانغا مىلىنىپ، خەلقىمىز تەرىپىدىن «ئاق تابان شۇبىرىندى» دەپ مۇدهىش نام ئالغان دەهشەتلىك دەۋرنى بىر تەۋرەنمەي ئەسلەش مۇمكىن ئەمەس. مانا مۇنۇ قىرا يەر قەۋەتلىرىدە چىڭگىزخاننىڭ ياۋۇزلىقىنىڭ، جوڭغار قالماقلىرى سالغان ۋەيرانچىلىقنىڭ، قوقەنت ۋە خىيۋا بەگلىرىنىڭ زۇلۇمىنىڭ ئىز- تامغىلىرى ساقلانماقتا. ئېسىل يەر ئانا، سېنىڭ تەۋەررۇك توپرىقىڭ، خەلقىڭنىڭ تەغدىرى قانچە قېتىم ئاياق ئاستى بولمىدى، قانچە ئەۋلات زار ژىغلاپ، قايغۇ- هەسرەت چەكمىدى، دەيسەن. شۇندىمۇ ئىرادىسى سۇنمىغان خەلق ئازاتلىق، ئەركىنلىك ئارزۇسى بىلەن ياشىدى. ئۇنىڭ ئارمانلىرى پەقەت ئوكتەبر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنلا ئەمەلگە ئاشتى. پۇتكۇل قازاق دىيارى كەبى سىر بويىمۇ خەلقىمىزنىڭ قۇتلۇق ماكانىغا ئايلاندى.

سوۋېت زامانىدا سىر بويىنىڭ هوسنى ئېچىلدى، بايلىقى ژىلدىن- ژىلغا ئېشىپ كوپىيىۋەردى. بۇنى خەلقىمىز: «سىر بويىدا ئالتۇن دان بار، گۇرۇچ بار. سىر بويىدا بەرىكە- ساخاۋەت بار»، - دەپ ئورۇنلۇق هالدا مەغرۇرلىنىدۇ. ئۇنىڭغا هازىر باهادىر سىر بويى ئەمگەكچىلىرىنىڭ مۇستەهكەم ئاساسى بار. بۇنيادكار سوۋېت ئادەملىرىنىڭ داۋاملىق ئىلگىرلەشلىرى ۋەتىنىمىز ئىختىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ئايانماي كۇرەش قىلىۋاتقان قىزىلئوردىلىق دېخانلار- گۇرۇچتىن مول هوسۇل ئېلىش ئۇسۇللىرىنى دېگەندەك ئوزلەشتۇرگەن، بۇ خوسۇستا باي تەجرىبە توپلىغان ماهىرلاردۇر.

سىر تەۋەسىدە گۇرۇچ ئوستۇرۇپ، ئۇنىڭ هەر گېكتارىنىڭ مەهسۇلدارلىقىنى ئاشۇرۇشتا مەشئەل كەبى كوزگە چۇشكەن ئىككى مەرتىۋە سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەهرىمانى، داڭلىق ئىبراي جاقايېۋنىڭ نامى دۇنياغا مەشهۇردۇر. ئۇنىڭ باي تەجرىبىسى پۇتكۇل ئېلىمىز گۇرۇچچىلىرىنىڭ ئورتاق مۇلكىگە ئايلاندى. جاقايېۋچىلار سانى ژىللار ئوتكەنسىرى كوپەيمەكتە. ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئەمگەكتىن بەختىنى تاپقان ئازات قازاق ئاياللىرىمۇ كوپلەپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۇ باتۇر دېخانلار هەر گېكتاردىن 90-100 سېنتنېردىن هوسۇل ژىغماقتا. خەلقىمىز سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەهرىمانلىرى باتىرغان مۇستاپايېۋا، سەلىمە جۇمابېكوۋا، ئۇلبالا ئالتايبايېۋا، شېرىنگۇل قازانبايېۋا ۋە باشقىلارنىڭ ئىسىملىرىنى زور هورمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

ئىبراي جاقايېۋ: «بىزنىڭ مەخسىتىمىز- دۇنيا تېچلىقىنى ساقلاشتۇر. تېچلىق بولسا ئەمگىكىمىزنىڭ هالاۋىتىنى كورىمىز. ئەۋرە- چەۋرىلىرىمىزنى كورۇپ بەهرىمەن بولىمىز. خوشال- خورام ياشايمىز» دەتتى. بىز ئىبراي ئاتىنىڭ بۇ سوزلىرىنى تەۋرىرۇك دەپ بىلىمىز.

ئەسكېربېك راقىمبېكوۋ،
شائىر.



قىزىلئوردا شەهرىدىكى شال ئاقلاش كارخانىسى.

سەنئەت يېڭىلىقلىرى

جامبۇل تېئاترىدا

يېقىندا قازاق خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي يازغۇچىسى سەكېن سېيفۇللىننىڭ «تار يول، تايغاق كېچىك» رومانى بويىچە تەييارلانغان «ئازاپ ۋاگونى» ناملىق سپېكتاكل سەهنىگە قويۇلدى.

ئۇنىڭدا سەكېن سېيفۇللىننىڭ ئاتامان ئاننېنكوۋنىڭ ئازاپ ۋاگونىدا بولغان دەۋرى تەسۋىرلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق تېئاتر كوللېكتىۋى بۇ ئاتاقلىق ئىنقىلاپچىنىڭ يارقىن ئوبرازىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بەردى.

تالدىقورغان تېئاترىدا

يازغۇچى، دراماتۇرگ روللان سېيسېنبايېۋنىڭ «قازىبېكنىڭ قايتىشى» ناملىق دراماسىنى سەهنىلەشتۇردى. بۇنى شەهەر ئاهالىسى سەمىمىي كۇتۇپ ئالدى.

ئۇنىڭدا هازىرقى زاماندىشلار ئوبرازلىرى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرى، مەخسەتلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

بىرى سوۋېتلەردە سەنئەت ئەهلىنىڭ دىققەت- ئېتىۋارىغا مۇيەسسەر بولدى.

1981- ژىلى س. كېۋىروۋاچوك كونسېرت پوئېمىسىنى يازدى. ئۇنىڭدا كومپوزىتور قىز ئۇيغۇر خەلق ئاهاڭلىرىغا ئاساسلىنىدۇ.

- كېيىنكى چاغلاردا، - دەيدۇ سەنئەتچى، - ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا بايلىقىغا مۇراجىەت قىلىشقا، ئىجادىي ياندىشىشقا، ئەسەرلىرىمگە ئاساس قىلىپ ئېلىشقا تىرىشتىم. مەن ئىجادىمدا خەلق ئاهاڭلىرىدىن پايدىلىنىشنى جىددىي داۋاملاشتۇرىمەن.

بۇ هال بولۇپمۇ «بالىلىق ئەلبومى» ناملىق ئەسىرىدە كوزگە چېلىقىدۇ. ياش سەنئەتچى قىزنىڭ «مېزانگۇل»، «پۇغان» قاتارلىق رومانسلىرى ئۇيغۇر ماۋزۇلىرىغا بېغىشلانغان.

1982- ژىلى سەنئەتچى ئوزىنىڭ ئۇنجا باللار بالېتىنى تاماشىبىنلارغا تەغدىم قىلدى. ئىنگلىز جەلىق چوچىكى ئاساسىدا يارىتىلغان بۇ ئەسەر گوادەكلەرنى ئوزىگە مەهلىيا قىلدى. «ئوچ توراي» بالېتى ئاباي نامىدىكى قازاقستان دولەت ئاكادېمىيەلىك ئوپېرا ۋە بالېت تېئاترىنىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە يېزىلغان ئېدى. ئۇ ئۇلۇق فرانسۇز دراماتۇرگى مولېيېرنىڭ جۇمهۇرىيەتلىك دولەت ئۇيغۇر تېئاترىدا قويۇلغان «پارامانسىز تەخسىر» كومېدىيەسىگە مۇزىكا يازدى.

سەنئەت كېۋىروۋا كىنوفىلملار ئۇچۇنمۇ مۇزىكىلار ئىجات قىلماقتا. «قوشۇمچە سىناقلار»، «كەلگۈسى باهارغىچە»، «ئولۇم چاشقان ۋە ئاي» قاتارلىق بەدىي ۋە مۇلتىپلىكاتسىيەلىك فىلملاردا جاراڭلىغان لېرىكىلىق، كولكىلىك مۇزىكىلار ياش ئۇيغۇر كومپوزىتورى تالانتىغا مەنسۇپتۇر.

كونسېرۋاتورىيەدە ستۇدېنتلارنى تەربىيىلەش، لېكسىيەلەر ئوقۇش كومپوزىتورنىڭ كوپ ۋاقتىنى ئالسىمۇ، س. كېۋىروۋا ئەجايىپ كۇچ-غەيرەت، يۇكسەك تەلەپچانلىق، ژۇرەك هارارىتى بىلەن ئىجات قىلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا.

تالانت ئېگىسى سەنئەتنىڭ ئىجادىيەت ئاسمىنىدا دايىم ئىشەشلىك پەرۋاز قىلىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ئايگۇل جىتپىسبايېۋا.

بالىلارغا سوغا

قەلب ئىزھارى

ئىراندىن كەلگەن خەتلەر

ئوز خەلقىمنى جاندىنمۇ ئەزىز كورۇمەن. قازاقستاننى ئانا ژۇتۇم دەپ قەدىرلەيمەن. قازاق تىلى، قازاقلارنىڭ ناخشا- سازى دېسە، جانلىرىم ياشناپ كېتىدۇ. قازاقلارنىڭ باتۇرلىغى، قەيسەرلىگى، بىزگە مەدەت بېرىدۇ. قازاق خەلقى ئاللىقاچان مۇستەملىكىچىلىك ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان خەلق. دۇنيادا بارلىق خەلقلەر مۇستەملىكىچىلىكتىن قۇتۇلۇش يولىدا مۇرە تىرىشىپ، كۇرەش قىلىشتىن ئارتۇق شەرەپلىك ئىش بولمىسا كېرەك.

قازاقستاندا زىيارەتتە بولۇپ، ئەل- ژۇتنى كورۇشنى ئارمان قىلىپ ژۇرۇمەن.»

ئىنىڭىز ئىسلام.

ئەۋەتكەن كىتاپلىرىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. باغىشلىغان ژىپنى يەشكىچە تاقىتىم تەق بولدى. كىتاپلارنى كورگەندە، خۇددى بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن قۇياش چىققاندەك مېنىڭ ئۈچۈن ئالەم پارلاق بولۇپ كەتتى. تەشەككۇر، تەشەككۇر سىلەرگە! ياخشىلىغىڭىز ئاللادىن قايتسۇن. يالغۇز مەنلا ئەمەس، بۇ جايدىكى تەڭ- تۇشلىرىنىڭ ھەممىسى خوشال بولۇشتى.

گېزىت ھەققىدىكى بىزنىڭ پىكرىمىز:

قازاقستاندا قىز تويلىرى قانداق ئوتىدۇ، شۇ توغرىلىق يېزىشىڭىزلارنى ئىلتىماس قىلىغان بولار ئىدىم. ماڭغىشلاقنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان فوتو سۇرەتلەر بېسىلسا، ياخشى بولار ئىدى.

يېڭى ژىل مۇبارەك بولسۇن! يېڭى ژىلدا بارلىق ئالەمگە، بارچە خەلقلەرگە تېچلىق تىلەيمىز، يوقالسۇن ئۇرۇش!».

نۇرمۇخانبىت پىلتان.

ھېساپ

بىرىنچى سىنىپقا بارغان بىرىك بىرىنچى چارەكتىن كېيىنلا ئويۇنغا بېرىلىپ كەتتى. ئوقىتى مۇز تېيىلىش، چانا، خوككېي...

ھەر قېتىم دەۋرىنى كورگەندە نەچچە گول سالغىنىنى، كۇچكىنى چانىغا قانداق چاتقانلىغىنى ئېيتىپ قىزىقتۇراتتى.

دەۋرىن دەرسىنى تەييارلاپ بولۇپ، كوچىغا چىقىپ، بىرىك بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— سەككىزگە سەككىزنى قوشسا قانچە بولىدۇ؟

— ئون ئىككى.

— ياق.

— ئون ئۈچ.

— ياق.

— ئون تورت.

— ياق.

— ئون بەش.

— ياق.

— ئون ئالتە.

— مانا، ئەندى تاپتىڭ.

— ھېساپنى مەن ھەممە ۋاقىت شۇنداق چىقىرىمەن. بىر باشتىن دەۋرىمەن، دەۋرىمەن، ئىش قىلىپ بىرسى توغرا چىقىپ قالىدۇ.

— ھېساپنى سىنىپتىمۇ شۇنداق چىقىرامسەن؟

— مۇئەللىم ساڭا ئوخشاش سوراۋەرمەيدۇ.

ئوزاقباي قاۋسوۋ.

ئارمان بىلەن قەھرىمان

— كاۋاپنى پىشۇرۇشقا ئوتۇن كېرەك، — دېدى ئارمان.

— مەن ئوتۇنغا بارمايمەن، — دەپ مىرلىجىڭلىدى قەھرىمان.

— كاۋاپ پىشتى، دەستىرخانى تەييارلاڭلار، — دېدى ئارمان.

— بۇ ئىشنى تىندۇرىمەن، — دەپ ئۈچۈپ تۇردى قەھرىمان.

تۇمانباي مولداغالىيېۋ.

دۇرۇس جاۋاپ

— بىرگە بىرنى قوشقاندا — ئىككى، — دېدى.

— ئۈچكە تورتنى قوشقاندا — يەتتە، — دېدى.

— بىردىن بىرنى ئالغاندا نېمە قالىدۇ؟

— ئوتتۇرىدىكى سىزىغى قالىدۇ دە، باشقىسى يوقىلىدۇ.

مەن ئۇسسۇل ئوينايمەن چاقپەنەكتەك چوگىلەپ.

گلوبۇس

ئۈچىنچى «ئا» سىنىپىدا بىر گلوبۇس ژىغلاۋاتىدۇ. تونۇگۇن دەرسىنىڭ ئاخىرىدا يەرگە چۇشۇپ كېتىپ، ئوتتۇرىدىن قاق ئىككىگە بولۇنۇپ كەتكەن.

— سەن نېمىشكە ژىغلىدىڭ؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم.

— مە... مە... مېنى مۇشلىدى، — دېدى گلوبۇس ئوكسۇپ، — تازا ئۇردى. تاختايغا چۇشىرىۋەتتى... ئومۇر بويى يېرىمجان بوپ قالدىم.

— يېرىمجان بولغىنىڭ قانداق؟! — دېدى مۇئەللىم.

— ھېلىقى، سىز كېلىۋاتقاندا مېنى يالغاندىنلا: «بۇ ساپ-ساق نېمە» دەپ چوخچايتىپ قويۇپ قويدى، — دېدى گلوبۇس. ئوزىگە چەكچىيىپ قاراپ ئولتارغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئويالدىمۇ، قورقتىمۇ، كوزىنى توۋەنگە قارىتىپ، ئوتتۇرىسىدىن قاق بولۇنۇپ چۇشتى.

— ۋاي، كارامەت! — دېدى مۇئەللىم، — كىم سېنى شۇنچە قىينىغان؟

— شانشاروۋ، — دېدى دە، گلوبۇس ئەلەمدىن ژىغلاۋەتتى. — ئۇ تونۇگۇن دەرسىنىڭ ئاخىرىدا بوكس كورسىتىمەن، دەپ مېنىڭ بېشىمنى مۇشتلىدى.

— ھەي، شانشاروۋ، — ئەي، — دېدى مۇئەللىم كايىپ، — گلوبۇستا نېمە ھەققىڭ بار ئىدى؟ ئۇ ساڭا نېمە قىلغان؟ ھازىر پۇتۇن دۇنيا خەلقى تېچلىق ئۈچۈن، ئانا يەرنىڭ ژۇرىگىنى تىلغىماسلىق ئۈچۈن كۇرەش قىلىۋاتقانلىغىنى بىلمەمتىڭمۇ؟!

ئورنىدىن سورۇلۇپ ئاران تۇرغان شانشاروۋ ئىزا تارتقىنىدىن قىپ- قىزىل بولۇپ يەرگە قارىدى. ئۇ مۇئەللىمنىڭ نېمىنى ئىشارە قىلغانلىغىنى چۈشەندى.

ئورغالىي ئورازوۋ.

ماقال- تەمسىللەر

ئاتا مېھرى- چىراق،
ئانا مېھرى- بۇلاق.

*

بىر كىتاپ- بىر ژۇزنىڭ ئۇستازى.

*

بىلگىنىڭ- توققۇز،
بىلمىگىنىڭ- ئوتتۇز.

*

يەر تويسا- ئەل تويار.

*

سايەڭگە قاراپ بويۇم ئېگىز دېمە.

*

ياخشىدىن ئۇلگە ئالدىڭ- باغ ئالدىڭ.

*

تېچلىق- شاتلىق،
شاتلىق- بايلىق.

*

مېھمانغا تار بولغان- دوستقا زار بولار.

*

كوزى كوردىن قەلبى كور يامان.

*

ئەمگىگى ئازنىڭ- كۇلكىسى ئاز.

بۇقارانى ئەسلەپ...

1942- ژىلى نويابىردە بىز بىر نەچچە كوچىلارنىڭ دوقمۇشىدا كورۇك ئۇستىدە ئولتىراتتۇق. ئالدىمىزدىن كىيىنىشى، ژۇرۇش- تۇرۇشى، قەددى- قامىتى كېلىشكەن، زىلۋا ژىگىت ئوتتى. ئۇنىڭ بۇقارا تىشقانبايېۋ ئىكەنلىگىنى كېيىنرەك بىلدۇق. ئۇ نويابىردىكى ئوقۇش جايىنى تاماملاپ، غۇلجىغا ئويىگە قايتىۋاتقان ئىكەن. بۇ بىزنىڭ بۇقارانى بىرىنچى قېتىم كورۇشىمىز ئىدى.

بىر مىللىوندىن ئارتۇق قازاق ياشايدىغان شىنجاڭدا شۇ مەزگىلدە يازغۇچى دېگەن گەپ بىرئاز يوچۇن ئاڭلىناتتى.

تېخى يازما ئەدەبىياتى بىخ ئۇرۇپ ئۇلگەرمىگەن قاراڭغۇلۇق جاھالىتىدىكى بىزلەر «ئاق كورپە» ناملىق ھېكايىنى يازغان كىشىنىڭ ئىسمى بۇقارا ئىكەنلىگىنى بىلمەسكىمىز، ئۇنىڭ بىلەن تېخى تونۇش ئەمەس ئىدۇق. ئەنە شۇ نادان خەلققە يازما ئەدەبىياتنىڭ ئىشىگىنى دەسلەپ ئېچىپ، «ئاق كورپە» دېگەن ھېكايىنى يازغانمۇ بۇقارا ئىدى. ئۇمۇمەن بۇ ھېكايە شىنجاڭ قازاق ئەدەبىياتى تارىخىدا بىر خەلق ئەدەبىياتىدىكى پروزا ژانىرىنىڭ باشلانمىسى بولۇپ قالدى.

1950- ژىلى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىغىنىڭ بىر ژىللىغى مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەدەنىيەت مىنىستىرى زىيا سەمەدىي رەھبەرلىگىدە شىنجاڭدىن بېيجىڭگە بارىدىغان ئەدەبىياتچىلار قاتارىدا بۇقارا ۋە مەنمۇ بارغان ئىدۇق. ئۇ چاغدا بۇقارانىڭ «خەلق كوشى»، «بوگېنباي باتۇر» دراما ئەسەرلىرى سەھنىدە قويۇلۇۋاتقان ئىدى. شۇ قېتىم بۇقارا شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن نويابىردە قېلىپ قالدى. شۇندىن باشلاپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق شائىرى ئېيپىجان ئۈچىمىز ئاكا- ئىنىدەك يېقىن بولۇپ ژۇردۇق. ئېيپىجان ئىككىمىز بۇ جەرياندا بۇكېڭدىن كوپ ئۇلگە ئالدۇق.

ئۇ بوش ۋاقىتلاردا كوپىنچە ئەدەبىيات، ئىنسانىيلىق ھەققىدە سوھبەتلىشىشنى ياخشى كورەتتى، بەزىدە بىز بىلەن بولۇشنى ياقتۇراتتى. ئۇ قازاقلارنىڭ سوقۇملىرىغا بىزنى پات- پات ئېلىپ بېرىپ ئۇ جايلاردىمۇ شىنجاڭ قازاق ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قازاق تىياترىنى قۇرۇش، نەشرىيات تەشكىل قىلىش ھەققىدە سوھبەت قۇراتتى.

شۇ ژىللىرى شائىر- يازغۇچىلار يامغۇردىن كېيىنكى مايسىدەك دۇررىدە ئوسۇپ، كوپىيىشكە باشلىغان ئىدى. بۇقارا ئۇلارنى تەشكىللەشكە رەھبەرلىك قىلدى. «شۇغىلا» ناملىق ئەدەبىي ژۇرنال چىقىشقا باشلىدى. ئولكىلىك قازاق تىياترى قۇرۇلدى، كىتاپلار چىقىشقا باشلىدى.

بۇكېڭ- مەدەنىيەت مىنىستىرىنىڭ مۇئاۋىنى، يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ سېكرېتارلىغىغا كوتىرىلدى.

ئىلگىرى يازغۇچىنى بىلمىگەن جوڭغارلىقلار ئەندى گېزىت- ژۇرنال، كىتاپ ئوقۇپ، سەھنىدە سپېكتاكل، ئېكراندىن كىنو كوردى. بۇ ئىشلاردا بۇقارانىڭ تېگىشلىك ھەسسىسى بار ئىدى. شۇ دەۋردە شىنجاڭدىكى دەسلەپكى بەدىي فىلم «قاسىن- جەمىلە»نىڭ ستسېنارىيەسىنى يېزىپ، ئۇنىڭغا رېژىسسيورلۇق قىلدى.

بۇ كىچىك پېيىل، ئېتىك ئىنسانىنىڭ ھاياتى بىز ئۈچۈن ئۈلگە بولۇپ قالدى.

1956- ژىلى شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ كىتاپلىرىنى نەشر قىلىش ھەققىدە يازغۇچىلار ئىتتىپاقى قارار قوبۇل قىلدى. شۇ ۋاقىتتىمۇ ئۇ ئوزىگە خاس كەمتارلىق بىلەن ئەڭ ئاۋال باشقىلارنىڭ كىتاپلىرىنى چىقىرىشقا دەۋەت قىلىپ، ئوز ئەسەرلىرىنى بېسىپ چىقىرىشقا ئالدىرىمىدى.

بىز بۇ مېھرىۋان، كەمتار دوستىمىزنى مەڭگۇ يادىمىزدا ساقلايمىز.

ئەخمەت جۇنسوۋ.
ئاقسۇۋات رايونى، شەمەي ئوبلوسى.

تەھرىر ھەيئىتى.

تەھرىراتنىڭ ئادرېسى: 480091، ئالمۇتا شەھرى، فورمانوۋ كوچىسى، 88. تېلېفونلار: 82-60-62، 85-39-62. گېزىت-ژۇرنال نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. ئىندېكس-72877